هازىرقى زامان يازغۇچىلىرىنىڭ داڭلىق رومانلىرى

ئابدۇراخمان قاھار

# ئاۋات شەھەرنىڭ يېڭى پۇقراسى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئابدۇراخمان قاھار

# ئاۋات شەھەرنىڭ يېڭى پۇقراسى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

闹市新百姓:维吾尔文/ 阿布都热合曼·卡哈尔著. 一 乌鲁木齐: 新疆人民出版社, 2009.8
ISBN 978-7-228-12822-8

Ⅰ.闹... Ⅱ.阿... Ⅲ.长篇小说 — 中国 — 当代 — 维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2009)第147951号

---

**责任编辑** 阿地力·阿布都萨拉木
**编　　辑** 苏里坦·阿西木
**特约编辑** 玛丽亚木·买买提明
**责任校对** 阿孜古丽·克力木
**特约校对** 海力切木·孜亚吾顿
**出版发行** 新疆人民出版社
**电　　话** 0991-2827472
**地　　址** 乌鲁木齐市解放南路348号
**邮　　编** 830001
**印　　刷** 新疆新华印刷厂
**经　　销** 新疆维吾尔自治区新华书店
**开　　本** 880×1230毫米 32开本
**印　　张** 18.875
**版　　次** 2009年8月第1版
**印　　次** 2009年8月第1次印刷
**印　　数** 3000
**定　　价** 47.00 元

## ئاۋات شەھەرنىڭ يېڭى پۇقراسى (رومان)


**ئاپتورى:** ئابدۇراخمان قاھار
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** ئادىل ئابدۇسالام
**مۇھەررىرى:** سۇلتان ھاشىم
**تەكلىپلىك مۇھەررىرى:** مەريەم مەمتىمىن
**مەسئۇل كوررېكتورى:** ئارزۇگۇل كېرەم
**تەكلىپلىك كوررېكتورى:** خەلچەم زىياۋۇدۇن
**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**تېلېفون:** 0991-2827472
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
**پوچتا نومۇرى:** 830001
**باسقۇچى:** شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى
**ساتقۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**فورماتى:** 1230 × 880 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى:** 18.875
**نەشرى:** 2009 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**باسمىسى:** 2009 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
**تىراژى:** 3000
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978 - 7 - 228 - 12822 - 8
**باھاسى:** 47.00 يۈەن

# «شىنجاڭ كىتاب خەزىنىسى»
# تەھرىر ھەيئىتى

مۇدىر : نۇر بەكرى

مۇئاۋىن مۇدىرلار : لى يى، تىلىۋالدى ئابدۇرېشىت

ھەيئەتلەر : جۇ چيەن، ۋەن خەيچۇەن، شى يۇڭچياڭ، مىجىت قادىر، ليۇ چاڭمىڭ، جاڭ شىنتەي، ۋاڭ ياۋپىڭ، گۈلشەن تۇراخۇن، ليۇ شۇشىن، لى ۋېيچىڭ، ئابدۇراخمان ئەبەي، رېن چېڭ، دەي ياۋخۇڭ، چېن گۇڭچىڭ، ئادىل مۇھەممەت، ماۋ جيەنشىن، دىلشاد قېييۇم، نۇرتاي قىياسبېك، جۇ لوڭچىن، ياسىن ئوبۇلقاسىم، شۇ جياڭ، ئابلىز قېييۇم، تاھىر ناسىر، يۇ فۇئېن، پەتتار ماخمۇت، يۇ ۋېنشېڭ، گو چۇەن، رەيقەتجان خېلىل، دىلشاد ئەلى

باش پىلانلىغۇچىلار : ليۇ چاڭمىڭ، مىجىت قادىر

باش تەھرىرلەر : شى يۇڭچياڭ، مىجىت قادىر، ليۇ چاڭمىڭ

مۇئاۋىن باش
تەھرىرلەر : جاڭ شىنتەي، ۋاڭ ياۋپىڭ، گۈلشەن تۇراخۇن، ليۇ شۇشىن

ئىجرائىيە مۇئاۋىن
باش تەھرىر : گۈلشەن تۇراخۇن

此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

# «شىنجاڭ كىتاب خەزىنىسى»گە
# كىرىش سۆز

نۇر بەكرى

مەدەنىيەت ئىنسانىيەت مەدەنىيلىكىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى . مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشى خەلق ئاممىسىنىڭ ماددىي مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتىپلا قالماي ، مىللىي روھنى مۇستەھكەملەپ ، مىللەتنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى ئۆستۈرىدۇ .

نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان شىنجاڭدىن ئىبارەت «يىپەك يولى» كېسىپ ئۆتكەن ، شەرق - غەرب مەدەنىيىتى ئۇچراشقان بۇ زېمىندا ھەر مىللەت خەلقى ھۇزۇر - ھالاۋەت ۋە جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ ، ئۆزئارا ئىناق ئۆتۈپ ، ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرا رايونىنى ئورتاق ئېچىپ ، قۇرۇپ ۋە قوغداپ ، شانلىق ماددىي مەدەنىيەت ۋە رەڭگارەڭ كۆپ مەنبەلىك شانلىق مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىپ ، تارىخ بېتىگە پۈتۈلگەن ئۆلمەس نۇرغۇن ئەسەرلەرنى ۋۇجۇدقا چىقاردى بولۇپمۇ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ھەمنەپەس تەقدىرداش ، قەلبداش بولۇپ ، بىرلىكتە ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ ، ئورتاق گۈللىنىپ ، «نامرات ھەم قالاق» ھالەتتىن باي ، مەدەنىيەتلىك ۋە تەرەققىي قىلغان جەمئىيەتكە قەدەم قويدى . ئىقتىساد ۋە جەمئىيەتنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشىغا

ئەگىشىپ، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىمۇ جۇش ئۇرۇپ تەرەققىي قىلىشتەك يېڭى باھارنى كۈتۈۋالدى، مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئەسەرلىرى ئۈزلۈكسىز بارلىققا كەلدى، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت ئۇنۇملۇك قوغدىلىپ ۋە ۋارىسلىق قىلىنىپ، تۆرلۈك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، سەنئەت ئەڭگۈشتەرلىرى چولپان يۇلتۇزدەك چاقناپ، سەلتەنىتى ۋە ئۆزىگە خاس بەدىئىي جەلپكارلىقىنى نامايان قىلىپ، جۇڭخۇا مەدەنىيەت خەزىنىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى.

پۈتۈن جەمئىيەتتە ئورتاق غايىنى بەرپا قىلىش جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنىڭ نېگىزى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت مەدەنىيەت خىزمەتچىلىرى باشتىن ـ ئاخىر جۇڭگو ئىلغار مەدەنىيىتىنىڭ ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىگە ئەمەل قىلىپ، «ئىككى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش» يۆنىلىشى ۋە «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىكنى يادرو قىلغان مىللىي روھ ۋە ئىسلاھات، يېڭىلىق يارىتىشنى يادرو قىلغان دەۋر روھىنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشى كېرەك. بولۇپمۇ ھەر مىللەت خەلقى «بىرلىكتە ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش، ئورتاق گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىش»تىن ئىبارەت باش تېمىنى چىڭ تۇتقا قىلىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئىشلىرىنى ئۈزلۈكسىز گۈللەندۈرۈپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، مەدەنىيەت ـ سەنئەتنىڭ جەمئىيەتكە باشلامچىلىق قىلىش، خەلقنى تەربىيىلەش، ئىلمىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، جەمئىيەت ئىناقلىقى ۋە مۇقىملىقىنى ساقلاشتىن ئىبارەت مۇھىم رولىنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت

قۇرۇش ۋە ئەۋزەل مەدەنىيەت مۇھىتى بەرپا قىلىشى كېرەك.

بۇ گۈللەنگەن دەۋردە مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى كۆپلەپ ئىجاد قىلىپ، ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئاچايلى. بۇ يىل يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقى، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق نۇقتىلىق نەشر تۈرىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى تەھرىر ھەيئىتى تەشكىللەپ، «شىنجاڭ كىتاب خەزىنىسى» نەشر خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. بۇ بىر تۈرلۈك شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى سىستېمىلىق رەتلەيدىغان، شىنجاڭنىڭ تارىخى ۋە ئېتنوگرافىيىسىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىدىغان، شىنجاڭ مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىدىغان زور مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى. «شىنجاڭ كىتاب خەزىنىسى»نى نەشر قىلىش شىنجاڭنىڭ كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنى قېزىش، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتى جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى كەڭ كۆلەمدە مۇجەسسەملەش، جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىك ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە تايىنىپ، يىپەك يولى مەدەنىيىتى، غەربىي رايون مەدەنىيىتى ۋە شىنجاڭ مەدەنىيىتىنىڭ داڭلىق ماركىلىرىنى يارىتىش، نەشر بۇيۇملىرىنىڭ مىللىي مەدەنىيەتنى جۇغلاش، بىلىمدە يېڭىلىق يارىتىش، مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش رولىنى جارى قىلدۇرۇش جەھەتتە ئاكتىپ، رېئال ۋە ئۇزاق تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە، شۇنداقلا ئۇ بۈگۈنكى دەۋرگە مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان، كەلگۈسىگە تۆھپە قوشىدىغان زور ياخشى ئىش.

«شىنجاڭ كىتاب خەزىنىسى»نىڭ ئىجادىيەت، تەھرىرلىك، نەشر قىلىش خىزمىتىگە قاتناشقان بارلىق مۇتەخەسسىس، ئالىملار ۋە يولداشلارنىڭ ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ئىلغار مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى تەلىپىنى توغرا ئىگىلەپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ مەنىۋى

مەدەنىيەت تۇرمۇشىغا بولغان يېڭى ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى توغرا تونۇپ، يېرىم ئەسىردىن بۇيانقى شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنى نەشر قىلىشنى كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللەپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش بىلەن بىللە شىنجاڭنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىككە ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە مۇنەۋۋەر مەدەنىيىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى ۋە ئورتاق ئىلگىرىلىشىنى سىلجىتىپ، شىنجاڭ مەدەنىيىتىنىڭ پارلاق دەۋر نۇرىنى ۋە ئەقىل - پاراسەت نۇرىنى تېخىمۇ چاقنىتىشىنى، شۇ ئارقىلىق مەملىكەتكە، دۇنياغا يۈزلىنىپ جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ زور گۈللىنىشى ۋە زور تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن!

# مۇندەرىجە

بىرىنچى قىسىم ........................................1
ئىككىنچى قىسىم ......................................169
ئۈچىنچى قىسىم .......................................398

# بىرىنچى قىسىم

## 1

ئۇلار ئىككىسى — ئابدۇقادىر بىلەن ھەسەنجان قىزىق توپىغا ئاياغ بېسىپ ئالدىراپ ماڭدى. بىرى يەنە بىرىگە بىر كارامەت كۆرسەتمەكچى.

— مەن بۈگۈن قالتىس بىر ئىش قىلىۋەتتىم.

— شۇنداقمۇ؟

— بارغاندا كۆرسەن، ھەيران قېلىشىڭ مۇمكىن.

ھەيران قالغۇدەك قانچىلىك ئىشتۇ؟ تۈگمىدەك ئىشنى تۆگىدەك قىلىپ سۆزلەيدىغان نەرسە بولىدىغان بۇ ... ھەسەنجان ئاتلىقى شۇنداق ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ دىگىنىگە قىزىقىپ قالدى.

— قالتىس دىگىنىڭ چاغلىقلا ئىشتۇر؟

— چاغلىقلا دەيسەنغۇ، قىز ئەپقېچىپ كەلدىم، قىز.

— پاھ، كىمنى؟

— ماھىنۇرنى.

— قايسى ماھىنۇر؟

— شەمشىنۇرنىڭ سىڭلىسىچۇ.

— نېمە! ... سەن ئۇنىڭ ھەدىسى بىلەن يۈرۈۋاتساڭ ...

— ئىككىسى بىلەن تەڭ يۈرگەن.

ھەقىقىي ئادەم باشقىلارنىڭ ئىنسانىي قەدىر - قىممىتىنىڭ يەرگە ئۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى كۆرسە ياكى بىلسە، ئۆزىنىڭمۇ ئىنسانىي قەدىر - قىممىتى يەرگە ئۇرۇلۇۋاتقاندەك ھېسسىياتقا



此为试读，需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

كېلىدۇ. ھەسەنجاننىڭ ۋۇجۇدى بىردىنلا قوزغالغان نەپرەتتىن سىلكىنىپ كەتتى. بەدەنلىرى تىكەنلىشىپ، يۈز - كۆزلىرىگە ھەم غەزەپلىك، ھەم ھەيرانلىق ئالامەتلىرى شۇئان ئۇقچۇپ چىقتى. ئابدۇقادىرنىڭ غەلىتە سۆزلىرى بىلەن ئۇ بىرەر گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغان ئادەمدەك بېشىنى ساڭگىلاتتى. ئۇ ئەقىل - ھوشىنى بىلگەندىن تارتىپ ھازىرغىچە مۇنداق غەلىتىلىكنى ئاڭلاپ باقمىغانىدى. تېخى ئۇنىڭ ئوغىسىنى قايىنتىپ، ئابدۇقادىرنىڭ چىرايىدا شادلىق — مەغرۇرلۇقنىڭ ئەكس ئېتىپ تۇرغىنىچۇ ... ماھىنۇرنىڭ نېمە قىلغىنىدۇ بۇ؟ ئۇ ھەدىسىنى، ئاتا - ئانىسىنى ئويلىمىدىمىكىنە؟ ... كىچىكلىكىدۇر بەلكىم، بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلاپ يېتەلمىدى - دە.

ئەگەر ئۇ ماھىنۇرنى كۆرمىگەن، تونۇمىغان بولسا، ئۇنىڭدا مۇنداق ھېس - تۇيغۇلار يېنىپ كەتمىگەنمۇ بولار ئىدى. كىشىلەرنىڭ غېمىنى يەيدىغان، قايغۇسىغا قايغۇرىدىغان شۇنداقمۇ ئادەملەر بولىدۇكى، كىشىلەرنى قايغۇ - ھەسرەت، ئازابلاردىن قۇتۇلدۇرۇش ياكى قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىش ئۈچۈن جان كۆيدۈرىدۇ، ئۇلارنى خاتا كىرىپ قالغان يولدىن ياندۇرۇپ چىقمىغۇچە توختىمايدۇ ۋە بۇنىڭدىن ئۆزىگە خۇشاللىق تاپىدۇ.

ھەسەنجان ئونىنچى سىنىپنى پۈتتۈرۈش ئالدىدا تۇرغان ئوقۇغۇچى. ئۇ بۇنىڭدىن بەش - ئالتە ئاي بۇرۇن ئۆزىدىن ئۈچ ياش چوڭ ساۋاقدىشى ئىمىن ئارقىلىق ئابدۇقادىر بىلەن تونۇشۇپ قالغان. ئابدۇقادىر ئىمىندىنمۇ ئۈچ ياش چوڭ بولۇپ، يىگىرمە بەشلەرگە كىرىپ قالغانىدى. لېكىن، ئۇ قارىماققا ئوتتۇز بەش ياشلاردا باردەك كۆرۈنەتتى. ھەسەنجان ئۇنىڭ يېقىنىدىن بىرى چەت ئەلگە چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ رەسمىيەت ئۆتەۋاتقانلىقىنىمۇ بىلەتتى.

ئابدۇقادىز ئەسلىي شەھەرلىك ئەمەس، تېكەس ناھىيىسىدىن بولۇپ، شەھەرگە پات - پاتلا كىرىپ تۇرىدىغان ۋە كوچىلاردا

لاغايلاپ يۈرۈشنى ياخشى كۆرىدىغان يىگىت ئىدى. ئەسلى ئۇنىڭ ئاغىنىسى ئىمىن ماھىنۇرلار بىلەن بىر مەھەللىلىك بولغاچقا، ئابدۇقادىر ئاۋۋال ماھىنۇرنىڭ ھەدىسى شەمشىنۇر بىلەن تونۇشۇپ قېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن يۈرگەن. شەمشىنۇر — ئوڭ پۇتى سول پۇتىدىن ئۈچ ـ تۆت سانتىمېتىر كالتە بولغاچقا، بىر يانغا تاشلىنىپ ماڭىدىغان، بوينى خېلىلا قىسقا، خۇددى ئىككى مۈرىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بېشىنى قوندۇرۇپ قويغاندەك، بېشى ئالدىدا، دۈمبىسى كەينىدە قالغاندەك بىر قىسما كۆرۈنىدىغان كۆرۈمسىز قىز ئىدى. شۇڭا، شەمشىنۇرنىڭ ئاتا ـ ئانىسى قىزىغا ئابدۇقادىرنىڭ خېرىدار بولغانلىقىدىن ئىنتايىن خۇشال ئىدى ۋە ئۇ كەلسە قىزغىن قارشى ئالاتتى. شۇنداق بولغانلىقتىن ئابدۇقادىرمۇ بۇ ئائىلىگە قورۇنماي، بەخۇدۇك كېلىدىغان بولۇپ قالغان. ئۇنىڭ بۇ ئائىلىگە بەخۇدۇك كىرىپ ـ چىقىشىنىڭ سەۋەبىنى مۇشۇ شەمشىنۇرنىڭ ئېغىزى ئارقىلىق مەھەللىدىكىلەرمۇ بىلىپ كەتكەنىدى.

بىر كۈنى ئابدۇقادىر ھەسەنجاننى سېنى يۈرۈۋاتقان قىزىمنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ كېلەي دەپ، ئۇلار تۇرۇۋاتقان شەرق مەھەللىگە باشلاپ كەلدى. قوش ئىشىكلىك دەرۋازىنى ئۇرغاندا، شەمشىنۇر دەرۋازىنى ئاچتى ـ دە، ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالدى ۋە باغقا باشلىدى. بۇ باغلىق چوڭ ھويلا بولۇپ، باغنىڭ ئوتتۇرىسىغا، بىر تۈپ باراقسان ئالما دەرىخى ئاستىغا كارىۋات، كارىۋاتنىڭ ئوتتۇرىسىغا جوزا قويۇلۇپ، جوزىنىڭ ئىككى يېنىغا يېكەندازلار سېلىنغانىدى. شاخ ـ شېخىنى كۆتۈرەلمەي قالغان يازلىق ئالمىلارنىڭ مەڭزى ئەمدىلا قىزىرىشقا باشلىغان بولسىمۇ، تېخى پىشىپ كەتمىگەنىدى. ئابدۇقادىر بىلەن ھەسەنجان كارىۋاتتا ئولتۇرۇشتى. بىردەمدىن كېيىن يوغان ئىككى ئاق نان، قەنت ـ گېزەك كۆتۈرگەن بىر قىز كېلىپ قولىدىكى نەرسىلەرنى جوزا ئۈستىگە قويدى. ئابدۇقادىر ئۇنى: بۇ ماھىنۇر، شەمشىنۇرنىڭ سىڭلىسى بولىدۇ، دەپ تونۇشتۇردى. ماھىنۇر چىرايىدىن نۇر

يىغىپ تۇرىدىغان، ئون تۆت ـ ئون بەشلەردە بار ناھايىتى چىرايلىق قىز ئىدى. ھەسەنجان بۇ ھەدە ـ سىڭىلنىڭ بىر ـ بىرىگە تۇپتىن ئوخشىمايدىغانلىقىغا، ھەدىسىنىڭ سەتلىكى، سىڭلىسىنىڭ ئىنتايىن گۈزەللىكىگە ھەيران بولۇپ قاراپلا قالدى. ئابدۇقادىر بىلەن ھەسەنجان ئىككى قىز بىلەن چاي ئىچىپ، پاراڭلىشىپ بىرەر سائەت ئولتۇرۇپ قايتىپ كېلىشتى. ئارىدىن ئالتە ـ يەتتە كۈن ئۆتۈپ، ئىككىسى باغلىق ھويلىغا يەنە بىر قېتىم بېرىپ، تاماق يەپ، خېلى ئوبدان مېھمان بولۇشۇپ كەلدى. مۇشۇ ئىككى قېتىملىق مېھمان بولۇش ئارقىلىق ھەسەنجان ئۇ ئىككى قىز بىلەنمۇ تونۇشۇپ قالغانىدى ...

چىڭقىچۇش مەزگىلى. ھاۋا قاتتىق قىزىپ كەتكەنىدى. ئىككى خىل خىيال، ئىككى خىل ھېس ـ تۇيغۇدا كېتىۋاتقان ھەسەنجان بىلەن ئابدۇقادىر قىڭغىر ـ قىيسىق، توپىسى ئۆرلەپ تۇرىدىغان تار كوچىغا بۇرۇلدى. كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى سوقما تاملىق، پاكار ـ پاكار كۆرۈمسىز ئۆيلەر كىشىگە خۇددى ھالىدىن كېتىپ مۈكچىيىپ قالغان بوۋايلارنى ئەسلىتەتتى. كوچىنىڭ تارلىقىدىنمۇ ياكى سۇ يېتىشمەسلىكتىنمۇ ھويلىلارنىڭ ئالدىدا بىرەر تۈپمۇ دەل ـ دەرەخ كۆرۈنمەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن قاقاس كوچىنىڭ توپىسى ئۆرلەپ، ئاياغ ئاستىدا چاڭ ـ توزانلار پۇرقىراپ تۇراتتى. ئۇلار كوچىغا كىرىپلا ھاۋانى تېخىمۇ قىزىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلدى.

ــــ ئاخشام ئەپقېچىپ كەلدىڭمۇ؟ ــــ دېدى ھەسەنجان بىرقىسمىلا روھىي ھالەتتە ئاستا شىۋىرلاپ.

ــــ ياق، بۈگۈن تاڭ سەھەردە، بامدات نامىزىدىن بۇرۇن ئۇ قورۇسىدىن چىقتى، ئالدىغا بېرىپ قولىدىن تۇتتۇم ـ دە، ئۇدۇل مەشەگە باشلاپ كەلدىم، ھېلىمۇ تەلىيىمىز بار ئىكەن، تاڭ ئېتىپ قالغان بولسىمۇ، ھېچكىم كۆرمىدى، ماھىنۇرغۇ ھېچنېمە بولمىدى، ئەمما مەن ئۆيگە يېتىپ كەلگۈچە تىترەپ

كەتتىم.
— ماھىنۇرنى ئەكەلگەن ئۆي كىمنىڭ؟
— تۇغقىنىمىزنىڭ.
— مۇنداق ـ دە.
— ئەمما، ئۇ قورۇدا ھازىر ھېچكىم يوق، ئاچقۇچنى ماڭا بېرىپ قويۇپ ھەممىسى يايلاۋغا چىقىپ كەتكەن، قارا، تەلىيىمىزنىڭ ئوڭدىن كېلىپ، قورۇنىڭ بىزگە ئوڭچە قالغىنىنى، تاس قاپتىمەن تېخى ئاچقۇچنى ئالمىغىلى.
ئىككىسى كونىراپ جۇلىقى چىقىپ كەتكەن قوش ئىشىكلىك دەرۋازىنى ئېچىپ قورۇغا كىردى. ھەسەنجان ئېنىق ھالدا بۇ قورۇدا ھازىر ماھىنۇرنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى كۆرۈپلا داڭقىېتىپ تۇرۇپ قالدى. چۈنكى، ماھىنۇردا يېڭىدىن قىچىپ كەلگەن قىزلاردا كۆرۈلىدىغان قورۇنۇش، قورقۇش، ۋەھىمە ئالامەتلىرىدىن قىلچىلىكمۇ ئەسەر يوق بولۇپ، ئۇ خۇددى مۇشۇ قورۇنىڭ قىزىدەك شۇنداق خاتىرجەم، شۇنداق ئىشەنچلىك ھالدا يازلىق چايخانىدا گۆش توغراپ ئولتۇراتتى. ئۇ كەلگەن ئىككىسىگە ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمىگەندەك ئېرەنسىزلىك بىلەن بىر قاراپ قويدى ـ دە، ئىشىنى قىلىپ ئولتۇرۇۋەردى.
— بۇ كىم، تونۇدۇڭمۇ؟
— تونۇمايچۇ، ھەسەنجان ئاكامغۇ.
— تامىقىڭنى قويۇپ تۇر، قورساقلا ئېچىپ، ئۈچەيلەر تارتىشىپ كەتتى، ئاۋۋال چاي دەملە.
ئابدۇقادىر ماھىنۇرغا ئۇنى ئەمرىگە ئالغاندەك، گويا ئۇنىڭ ئېرىدەك مۇئامىلە قىلىۋاتاتتى. ماھىنۇرمۇ ئابدۇقادىرنىڭ ئايالىدەك، گويا كونىراپ قالغان ئىتائەتمەن كېلىنلەردەك ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى دەرھال ئورۇنداۋاتاتتى. ئۇ گۆش توغراشنى توختىتىپ، جوزا قويۇپ داستىخان سالدى. چەينەككە چاي سېلىپ، ئۈستىگە چايداندىكى قايناق سۇدىن قۇيدى ـ دە،

ھېچقانچە ھايال بولماي چاي دەملىدى، ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرى تېز - چاققان ئىدى. ھەسەنجان تۇۋا، مۇنۇ قىزنىڭ ئەقىلسىزلىقىنى، نېمە ئىش بۇ، ئابدۇقادىرنىڭ رەسمىيلا خوتۇنغا ئايلىنىپتىغۇ، دەپ ئۇنىڭ كىرگەن كوچىسى، باسقان قەدىمىگە، قىلىۋاتقان ئىشلىرىغا ھەيران بولۇپ تەگسىز خىيالغا چۆكۈپ قالدى.

ئۇلار ئىككى - ئۈچ پىيالىدىن چاي ئىچىشكەندىن كېيىن، خىيالدا قالغان ھەسەنجانغا قاراپ ئابدۇقادىر مۇنداق دېدى:

— قارا، ئاداش، مانا كۆزۈڭ كۆرۈپ تۇرۇپتۇ، ماھىنۇرنى ئەپقېچىپ كەلدىم. ئۆزىمۇ گېپىمگە كىرىپ، قىزغىنلىق بىلەن ئۇچۇپ كەلدى. ئەمدى چەت ئەلگە بىللە چىقىپ كەتمەكچىمىز. «كۆزۈڭنىڭ بارىدا شەھەر كۆر» دېگەنلەر بىكار ئېيتمىغاندۇ، ياشلىقنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈش دېگەن شۇ، ئاداش.

— پىلانىڭلار چوڭ ئىكەنغۇ؟

— تۆت تامنىڭ ئىچىدە قاچانغىچە سولىنىپ ياتىمىز، خۇدا بىزگىمۇ ئەقىل بەرگەن، بىزمۇ دۇنيانى چۈشىنىپ باقايلى، بىلىپ باقايلى. دۇنيا كېزىپ، شەھەرمۇشەھەر يۈرۈپ ماھىنۇرنى ھەيران قالدۇراي دەۋاتىمەن.

ماھىنۇر ئابدۇقادىرنىڭ ئاغزىغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ ئولتۇراتتى. ئۇ مۇنداق گەپلەرنى بەلكىم جىق ئاڭلىغاندۇ، لېكىن ھازىرلا ئاڭلاۋاتقاندەك چىرايىدىن رازىمەنلىك، تەبەسسۇم جىلۋىلىنىپ چاقناپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ روھىي ھالىتىدىن بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا ئېرىشەلەيدىغان يېپيېڭى، ئاجايىپ بەختىيار، تەڭداشسىز گۈزەل ھاياتقا بولغان تەلپۈنۈش، ئۈمىد ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئۈمىد - ئارزۇنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا كۆزى يەتكەن كىشىدىلا مۇشۇنداق روھىي ھالەت بولىدۇ، ئەلۋەتتە. ماھىنۇرنىڭ گۈدەك قەلبىگە خۇشاللىقىنى سىغدۇرالمايۋاتقانلىقىنى سەزگەن ھەسەنجان خۇددى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك بىر ھالغا كېلىپ قالدى ۋە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا

قىزغا ئېچىنىپ قارىدى. «بۇ مەن بىلىدىغان ئابدۇقادىرغۇ، ئۇ بىر بىكار تەلەپ، دەپ خىيالغا كەتتى ئۇ. مەمەدان، گەپدانلىقىدىن باشقا قايسى ئەقىل ـ پاراسىتى، روناق تاپقان قايسى پۇلى بىلەن شۇنچىلىك كارامەتلەرنى كۆرسىتەلەيدىغاندۇ، مۇنۇ قىزنىڭ قۇرۇق گەپكە ئىشىنىۋاتقىنىغا نېمە دېگۈلۈك ئەمدى؟ ...»

— ياخشى ... ياخشى ئىشقا قەدەم قويۇپسىلەر، — دېدى ھەسەنجان بېشىنى لىڭشىتىپ.

— ماھىنۇرنى شۇنداق خۇش قىلىۋېتەيكى، ئاداش، — دېدى ئابدۇقادىر قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ سۆزلەپ، — دۇنياغا كەلگىنىگە مىڭ مەرتەم رازى بولۇپ كەتسۇن ! ھە، ماھىنۇر، تازا خۇشال بولۇۋاتقانسىز؟ — دەپ سورىدى ئابدۇقادىر ئالدىدىكى سوۋۇپ قالغان چېيىنى بىراقلا ئىچىۋەتكەندىن كېيىن ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ.

— خۇشال بولماي ... بەختىنى تاپقان كىشى ئەلۋەتتە خۇشال بولىدۇ ـ دە.

— توغرا، خۇشال بولۇش كېرەك.

ھەسەنجان ئابدۇقادىر بىلەن ماھىنۇرغا سەپسېلىپ قارىدى. ماھىنۇر — ئاق يۈزلۈك، بويىنى شۇنچىلىك سىپتا، بىرەر تال مەڭدىنمۇ خالى، دۇگىلەك كۆزلىرىمۇ، قايرىلىپ تۇرىدىغان كىرپىكلىرىمۇ، قارلىغاچ قانىتىدەك قاشلىرىمۇ قاپقارا، بۇرنى ئېقىپ چۈشكەندەك چىرايلىق، قىنىق ھال رەڭ لەۋلىرى نېپىز، زىلۋا بويلۇق قىز ئىدى. ئۇچىسىدىكى يېڭى قىسقا، شاپتۇل چېچەكلىك گۈللۈك كۆڭلىكى ئۆزىگە قالتىس ياراشقان بولۇپ، كۆكسى ئەمدىلا كۆتۈرۈلۈپ چىققانىدى. چىراي ـ تۇرقىدىن گۈزەللىك، نەپىسلىك، كۆزلىرىدىن جىلۋىدار نۇر يېغىپ، ئىككى ئۆرۈلگەن قاپقارا چېچى پارقىراپ تۇراتتى. پۈتۈن تۇرقىدىن تېخى بالىلىق ـ گۆدەكلىكنىڭ كەتمىگەنلىكى بىرلا كۆرگەن كىشىگىمۇ سېزىلەتتى. ئابدۇقادىر — ئوتتۇرا بويلۇق، چىرايى قارىراق، يۈزى ياپىلاق، بىرنەچچە تال سىزىق چۈشكەن پېشانىسى



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com